## 26722 - ئىھراملىقنى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا

### سوئال

هەج ياكى ئۆمرە پائالىيەت جەريانىدا ئەر-ئاياللار ئىھراملىق كىيىملىرىنى ئالماشتۇرسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ئەر-ئاياللار ھەج ياكى ئۆمرە پائالىيىتى جەريانىدا ئىھراملىق كىيىملىرىنى باشقا ئىھراملىققا ئالماشتۇرسا توغرا بولىدۇ، بۇنىڭ ھەج-ئۆمرە ئۆچۈن كىيگەن دەسلەپكى ئىھرامغا تەسىرى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.